# قوشنامنىڭ كۈچۈكى

## 〈 ھېكايە 〉

ئەخمەتجان ئوسمان 〈 كۆلچى 〉

بىزنىڭ بىنادا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ مىجەزى تولىمۇ غەلىتە، ئۇلار بىر زالدىكى ئۆيلەردە ئولتۇرۇشسىمۇ ئاي ـ يىللاپ بىر ـ بىرىسى بىلەن دىدارلاشمايدۇ، يول دوقمۇشلىرىدا ياكى كوچا ـ كويلاردا دوقۇرۇشۇپ قالسىمۇ سالام ـ ساھەت قىلىشمايدۇ، ھېيت ـ ئايەم كۈنلىرىمۇ ئىشىكنى دۈم تاقىۋېلىپ، بىر ـ بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرمەيدۇ. ئەمما ھاراق ئىچىۋالغاندا بولسا بىرىنچى قەۋەتتىن يەتتىنچى قەۋەتكىچە بولغان بارلىق ئۆيلەرنىڭ ئىشىكنى مۇشتلاپ خەقنىڭ نېمە ئويلايدىغانلىقى بىلەن كارى يوق ئۆزىگە ئۆلپەت بولۇشقا زورلاپ، 《ئىشىم بار ئىدى》 دەپ ئۆزرە سورىغانلارنى 《سايىم نوچى》 دىن تارتىپ كۈرۈك توخۇغىچە قوشاققا قېتىپ ھاقارەتلەيدۇ. پەلەمپەيلەرنى قۇسۇق بىلەن بۇلغىغاننى ئاز دەپ قېچىردەك ئالتاغىل تووۋلاپ بىنانى بېشىغا كىيىدۇ. بۇ كىشىلەرنى كۆرگەن كىشى ئۆزىنى 《ساراڭلار دۇنياسىغا كېلىپ قاپتىمەن》 دەپ ئويلىماي قالمايدۇ.

بۇ بىنادىكى ياشانغانلاردىن تارتىپ، ياش چوكانلارغىچە ھەتتا باللارغىچە ھەممىسى مودىكەش. بىر كۈن قارىساڭ قىزىل رەڭلىك، بىر كۈن قارىساڭ ئاق رەڭلىك، يەنە بىر كۈن قارىساڭ سېرىك ئارتىسلىرىدەك يالىڭاچلا كوچىغا چىقىدۇ. بىر بالا ۋېلسىپىت مىنسە ئەتىلا مەھەللىنى ۋېلسىپىت بازىرىمىكىن دەپ قالسەن. قېرى خوتۇنلارنىڭ چاچلىرىنى قىرقىپ، ئۈتلەپ، بەدەن قۇرۇلۇشىغا ماس كەلمىگەن چاكىنا كىيىملەرنى كىيىپ توپلىشىپ دىسكو، چاچاۋۇ مەشىق قىلىشلىرى ئادەمنى ھەيرانۇ ـ ھەس قىلىدۇ.

بىركۈننىڭ تولىسىنى ئىشىك ماراش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان، ساغرىسىغا شاپىلاقلاپلا خەقنىڭ ئېرىگە ياكى ئايالىغا تۆھمەت چاپلاپ ئىناق ئائىلىلەرنى ۋەيران قىلىدىغان پىتنىخورلارنى دېمەيلا قويايلى. قايسى كۈنى بىر ئايال ئورۇقلاش ئۈچۈن دوختۇرغا كىرىپ بەدىنىگە يىڭنە سانجىتقانىكەن، تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ بىراقلا 20-30 كىلو ئورۇقلىغانلىقىنى كۆرەلمىگەن ئورۇقلاش ھەۋەسكارلىرى ئۇنىڭ ئارقىسىدىن 《جەملە راك كېسلى بولۇپ قاپتۇ》 دېسە، يەنە بىرسى 《ئاشقازان كېسلى ئىكەن، ئاشقازىنىنى يارا قاپلاپ كېتىپ ئورۇقلاپ ئارانلا جېنى قاپتۇ》 دەپ گەپ تېپىپتۇ.

ماڭا مۇشۇ بىنادىكى باشقىلارنىڭ ئارتۇق چۈشۈك ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان، ھەممىلا ئادەم بىلەن خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاش سالاملىشىپ ئۆتىدىغان ئوچۇق ـ يورۇق، بويتاق قوشنامدىن باشقىسى

ئانچە ياقمايدۇ. ئەمما بۇ قوشنامنىڭ يۇمۇرىستىك ھېكايىلىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئېرى بىلەن تونۇشۇپ توي‌لاشقۇچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلىرىدىن تارتىپ توي قىلىپ نەچچە يىل بىللە ياشاپ باللىق بولغۇچە بولغان ھېكايىلىرى، كەچمىش ـ ئۆتمۈشلىرىنى يازىدىغان بولسا بىر نەچچە پارچە كىتاپ بولىدۇ. ئەگەر بىرەر رەسسام قوشنامنىڭ گۈزەللىكىنى، بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ ئۇستا ھەيكالتىراش قىرىپ چىقارغاندەك قامالاشقانلىقىنى كۆرىدىغان بولسا، ھازىرقى زاماننىڭ داڭلىق رەسسىملىرىدىن بىرىگە ئېرىشىپ دۇنياۋى شۆھرەت قازىنىدىغانلىقىدا گەپ يوق.

مەن بۇ مەھەللىگە كۆچۈپ كەلگەندە، ئەڭ ئاۋۋال دىققەت قىلغىنىم ئاشۇ ئايال بولغانىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ سۈزۈك بۇلاقتەك كۆلۈپلا تۇرىدىغان كۆزلىرى بىلەن قاملاشقان تۇرقى مېنى ئۆزىگە باشقىچىلا مەھلىيا قىلىۋالغانىدى. راستىمنى دېسەم، ئۇنىڭ گۈزەللىكى ئۇنىڭ باللىق بولغان، مەندىن بىر قانچە ياش چوڭ ئايال ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىمنى قوزغىغانىدى. بويتاق ئەرنىڭ، بولۇپمۇ ماڭا ئوخشاش توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن ئەرنىڭ زاۋال چۈشۈشى بىلەن تەڭ ئويلايدىغىنى چىرايلىق بولمىسىمۇ، بەش ئەزاسى جايىدا، ھېسياتى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان ئايالدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك. ئىشتىن ھېرىپ ـ ئېچىپ كەلگەندە تەبەسسۇم بىلەن قارشى ئېلىپ شېرىن سۆزلىرى ئارقىلىق ھاردۇقۇڭنى چىقىرىدىغان ئايالىڭ بولمىغاندىكىن، بىرەر ئايال كۆزۈڭگە چېلىقىپ قالدىمۇ بولدى، ئۇ سەن ئۈچۈن پەرىشتە، ھېلىلا بېھىشتىن چىققان ھۆر ـ پەرىدەك كۆرۈنۈپ ھېس ـ تۇيغۇڭنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ، بىر چاغلاردا ئۆز ـ ئۆزۈڭگە خىتاپ قىلغان ‹‹خوتۇن كىشى شۇنداق بولىدىغان بولسا، ئايال زاتىغا قارىماسمەن›› دېگەن سۆزلىرىڭ ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن.

ئۆلۈشكۈن ئىشتىن چۈشۈپ ھېرىپ كەتكەچكىمۇ ياكى يەتتىنچى قەۋەتكە مېڭىپ چىقىش تەس كەلگەچكىمۇ، قەدەملىرىمنى زورىغا يۆتكەپ خىيال بىلەن ئىككىنچى قەۋەتكە چىقىشىمغا قوشنام ئاسمە بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدىم. توۋا دەيمەن، بىر قانچە قېتىم ئۇنىڭغا يوشۇرۇن نەزەر تاشلاپ يۈرگەچكىمۇ، ساقچى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالغان ئوغرىدەك ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە قىلىشىمنى، نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم.

ـــ ھە يىگىت، نەگە بېرىپ كەلدۇق؟ ـــ دېدى ئۇ كۆزلىرىمگە ئوقتەك تىكىلىپ، مەن تېڭىرقىغان ھالدا تىلىمنى چايناشقا مەجبۇر بولدۇم.

ـــ مەن، ھېچنەگە، ياق، ئىشقا بېرىپ كەلدىم.

ـــ سوغۇقۇڭ ئېشىپ كەتتىمۇ نېمە، تىلىڭنى بىرسى چىشلىۋالمىغاندىكىن پاشىدەك غىڭشىماي ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلمامسەن؟

چېكەمدىن تەر چىقىپ كەتتى بولغاي يۈزلىرىم چىملداپ ئۆزۈمگە ئوخشىمايدىغانلا بىر خىل

بولۇپ قالدىم ھەم تىترەۋاتقان پۇتۇمنى ئوڭشۇۋېلىش ئۈچۈن بىر پەلەمپەي يۇقىرى ئۆرلەپ:

ـــ ياقەي، نەگە ماڭدىڭىز؟ ـ دېدىم.

ئايالنىڭ كۆزى يەنە كۆزۈمگە تىكىلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ماڭا ‹‹مېنىڭ بىلەن نېمە چاتىقىڭ، سەن يا مېنىڭ ئېرىم بولمىساڭ، ئۆزۈم بىلگەننى قىلىمەن دەپ ئېرىمدىن ئاجراشسام، سەن تازغا نېمە بولدى؟›› دەۋاتقاندەك بىر خىل سوغۇق نۇر تارقىماقتا ئىدى. مەن خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىمنى بايقاپ ‹‹قورققان ئاۋۋال مۇشت كۆتۈرۈپتۇ›› دېگەندەك :

ـــ ئىشىڭىز بولمىسا بىزنىڭ ئۆيدە بىردەم ئولتۇرۇپ؛ ـــ دېيىشىمگە ئۇ؛

ـــ ھەممىسى بىردەم ئولتۇرۇپنىڭ چاتىقى. ـــ دېگىنىچە چالۋاقاپ كەتتى. ـــ يا بېشى يوق، يا ئاخىرى. ئۇ ‹‹بىردەم ئولتۇرساق›› دېگەن؛ بۇ ‹‹تۇغۇلغان كۈنۈمتى›› دېگەن؛ ھەممىنىڭ نىيىتى بىر. سېنىڭدەك ئەرلەرنىڭ كۆڭلۈڭنى خۇش قىلىشتىن ئارتۇق ئويلايدىغان ئىشىڭلارمۇ بارمۇ؟

ـــ سىز ماڭا ئۇۋال قىلماڭ. ـــ دېدىم مەن ئۆزۈمنى ئاقلاپ ھەم ئۇنىڭغا بولغان ھەۋىسىمنى يوشۇرۇش ئۈچۈن يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

ـــ يۈرە، سېنىڭ قانداق كارامەتلىرىڭ بار. مەن بىر كۆرۈپ باقاي. ـــ دېدى ئۇ ھېلىمە كۆزىگە كۆرۈنمەيدىغان بىشەم ئاياللاردەك ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپ، بىز ئۆيگە كىردۇق. ئۆيۈم بويتاقلىقىم بىلەن چېچىلاڭغۇ مىجەزىمنى ئاشكارىلىماقچى بولغاندەك قالايمىقانىدى. ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا تىزىپ قويۇلغان ھەرخىل ھاراق شىشىلىرى، تاماق شىرەسى ئۈستىدىكى تاۋۇز، قوغۇن شاپاقلىرى، قاچانلاردا سىلىنىپ يىغىلىپ باقمىغان يوتقان ـ كۆرپە، توپا بېسىپ ئەسلى رەڭگىنى يوقاتقان گىلەم، ئۇدۇل كەلگەنلا يەرگە تاشلانغان كىيىم ـ كېچەك، پايپاق...

مەن قايسىنى قانداق يىغىشتۇرۇپ، نەگە تىقىشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ ھېلى ئۇنى تۇتسام، ھېلى بۇنى ئېلىشقا باشلىدىم. شۇ ئارىلىقتا ماڭا ئۈچ يىلنىڭياقى سادىق ھەمراھ بولۇپ تالاي ھەسرەت ـ پىغانلىرىمنىڭ، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمنىڭ شاھىتى بولۇپ قالغان ھاراق رومكىسى يەرگە چۈشۈپ چېقىلىپ چۇل ـ چۇل بولۇپ كەتتى.

ـــ بالا ـ قازا شۇنىڭ بىلەن كەتتى. ـــ دېدى ئۇ كۆپنى كۆرگەن تەجرىبىلىك ئاياللاردەك ئاشخانا ئۆيدىن داس كۆتۈرۈپ چىقىپ تاماق شىرەسىنىڭ ئۈستىنى تازىلىغاچ.

ئۇنىڭ گۈزەللىكىلا ئەمەس ئىش قىلغان چاغدىكى چاققان، ئەمما سىلىق ھەرىكەتلىرى، ئائىلە ئىشىغا بولغان ئەستايىدىللىقىمۇ مېنى قايىل قىلىشقا، ئۇنىڭغا بولغان ئامراقلىقىمنى ئاشۇرۇشقا باشلىغانىدى.

ـــ ئادەمگە پاقا تەشكەن سويمىدەك قاراپ تۇرماي ئاله مانى. ـــ دېدى ئۇ مېۋە ـ چېۋە شۆپۈكلىرى



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ـــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

بىلەن تولغان داسنى قولۇمغا تەڭلەپ. مەن داسنى ئېلىپ ئەخلەتنى تۆكۈپ كارىدورغا قويۇپ قويدۇم-دە، قايتىپ كىردىم ۋە،

ـــ سىزنى مېھمان قىلمەن دەپ ئىشقا سىلىپ قويدۇم. ـــ دېدىم ئۇنىڭدىن ئۆزرە سوراپ .

ـــ تولا قوۋۇرغامنى ئەگمەي گېپىڭنى ئوچۇق قىلە، نېمە دېمەكچىدىڭ؟

ـــ ھېچنىمە شۇ بىر دەم پاراڭلىشىپ ...

ـــ ئاندىنچۇ؟ پىچۇەتكەن جانئۇاردەك يەرگە قاراپ تۇرسام ماڭا ئىشىندۇ دەپ خام خىيال قىلما. تاماكاڭ بولسا چىقىرە، بىرتال چېكەي.

ئۇ شۇنداق دەپ كىرسلوغا جايلاشتى-دە، ئۇڭ تەرەپتىكى ئۇنئالغۇنىڭ توك يولىنى ئېچىپ ئۇنئالغۇغا لېنتا سالدى. ئۇنئالغۇدىن جاراڭلىق تەمبۇر ئاۋازى بىلەن بىر ئەرنىڭ ناخشىسى غىل-پال ئاڭلىنىپ توختاپ ئارقىدىنلا يەنە تەمبۇر بىلەن ناخشا باشلاندى.

ئۆزگە باغقا كۆز سالما ئۆز بېغىڭدا گۈلزارىڭ،

نېمە تەشۋىش ئالەمدە تۇرسا ياندا ئۆز يارىڭ.

ئاشناڭ ساڭا ئاش بەرمەس قازنىدا ۋاپانىڭ،

ئاغرىپ قالساڭ پەرۋانە ئەتراپىڭدا ئۆز يارىڭ.

پىچاق كەسسە قولۇڭنى ھېچكىم ئۇنداق ئاڭالماس،

تىكەن كىرسە پۇتۇڭغا ھېچكىم ئۇنداق ئالالماس.

يۆلەپ يۈرەر بىر ئۆمۈر بولۇپ قالساڭ ماڭالماس،

نىجاتلىق بار سەن ئۈچۈن ياققان شامدا ئۆز يارىڭ.

....

ناخشا ئۇنىڭغا تەسىر قىلدىمۇ، تەمبۇرنىڭ جاراڭلىق، يۈرەكنى تىترىتىدىغان كۈيلىرى مەست قىلىۋەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر ئۇ چوڭقۇر خىيال دەرياسىغا غەرىق بولۇپ كەتكەن ئادەمدەك ئالقىنى بىلەن زاڭقىنى يۆلەپ خىيالغا چۆكۈپ كەتكەنىدى. گەرچە نەچچە ئون قېتىم ئاڭلاپ تېكىستلىرى ياد بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ سەھرادىكى ئۇزۇن چاچلىق، ساددا ھەم سەممىيلىكتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئاشۇ قىز ھەم ئۇنىڭ تويى قىلىپ ئەتىسى مېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكى، مېنىڭ ئۇنىڭ چېكىڭدە قۇچاقلاپ تۇرۇپ يۈرىكىمنىڭ يىغىسىغا تەسەللى بەرگەنلىرىم كۆز ئالدىمدىن بىر – بىرلەپ ئۆتۈپ، قەلبىمگە تاتلىق بىر ئېقىمنى باشلاپ كىرگەنىدى.

نېمىشقىكىن ، ئاپالىم بىلەن ئۆتكەن بىر نەچچە يىللىق ھاياتىم دېڭىزغا چۆكۈپ كەتكەن تاشتەك ئۈن-تۈنسىز غايىب بولغان، ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەن بولسىمۇ دەل مۇشۇنداق ئاپاللار بىلەن بىرگە



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئولتۇرۇپ قالغان چاغلاردا كۆز ئالدىمغا كېلەتتى ـ دە، ئايالىلارغا بولغان قىزغىنلىق ھەم ھېسياتىمنى پورەكلەپ ئېچىلغان گۈلنى تۇزۇتتۇەتكەن سوغۇق شامالدەك ئۆلتۈرۈپ تاشلايتتى. بۇنداق چاغدا دۇنيادىكى بارلىق ئاياللارنى ئىنتايىن رەزىل ، ھىيلىگەر ، شۇم نىيەت ئالۋاستىلاردەك ھېس قىلىپ تېنىم شۈركىنىپ كېتەتتى.

مەن ئايالغا قاراپ، ئۇنىڭ ئۆيۈمگە نېمە ئۈچۈن كىرگەنلىكىنى ئويلاشقا باشلىدىم. ئۇ نېمىشقا مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىدۇ؟ قوشنا بولۇپ قالغاچقىلا، بويتاق ئەرنىڭ ئۆيىگە بويتاق ئايال كىرسە بولامدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ مەقستى زادى نېمە؟ ئۇمۇ ئايالىمغا ئوخشاش رەزىللىكلەرنى پىلانلاپ كىرگەنمىدۇ؟ بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە يەنە بىر ئادەم مەقسەتسىز كىرمەيدۇ. ياق، ئۇنىڭمۇ تومۇرىدا ئىسسىق قان ئېقىۋاتقاندىكىن ئۇنىڭمۇ ھېسياتى، ھەۋىسى باردۇر، مەن ئاياللارنى خىيال قىلغاندەك ئۇمۇ ئەرلەرنى ئويلايدىغاندۇ، ئاياللارنىڭ بىر ئاجىزلىقى مۇشۇ يەردە. سەن يۈرەكلىك بىرىپ كۆڭلۈڭدىكىنى دېيەلىگەن بىلەن ئۇلار ئۇنداق قىلالمايدۇ. قاش ـ كۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق سېنىڭ مەيلىڭنى تارتقىنى بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا گەپ قىلىش ئۇلارنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ. تووا، بۇ ئايال ماڭا ئوخشاش بويتاق ئەردىن قانچىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ چىقىپ يۈرگەندۇ؟ كىم بىلىدۇ ھېلىراقتىمۇ بىرەر ئەرنىڭ ئۆيىنى كۆزلەپ ماڭغان بولغىيدى ھەرقاچان. بولمىسا ماڭا ئۇنداق ياپما گەپ قىلمىغان بولاتتى. ئۇنىڭ مەقستى زادى نېمىدۇ؟ مېنى يېلىندۇرۇشمۇ ياكى مېنىڭ تومۇرۇمنى تۇتۇپ باقماقچىمۇ؟ مېنى يالۋۇرىدۇ، ماڭا يېلىنىپ ئالدىمدا تىزلىنىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا ئۇ خاتالاشقان بولىدۇ. مەن نېمىدەپ ئۇنىڭغا يېلىنغۇدەكمەن. ‹‹سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان، سېنىڭ ۋەسلىڭگە يېتىش ئۈچۈن ئايالىمنى قويۇۋەتكەن، سەن ئۈچۈن جېنىم پىدا. سېنى جېنىمدىن ئەزىز كۆرىمەن›› دەپ يۈرەمدىم. ياق!، مەن ئۇ خىلدىكى ئەرلەرگە ئوخشىمايمەن. ئۆزىنىڭ ھالالاپ ئالغان ئايالىنىڭ ئەيىپ نوقسانلىرىنى ئەزۋەيلەش بەدىلىگە، كوچا ئاياللىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتىدىغان ھاماقەتلەرگە ئوخشىمايمەن. مەن ئۇنداق قىلمايمەن. ئېزىپ ـ تېزىپ مۇشۇنداق بىر ئايالنىڭ قولىغا، قولىدىكى قونچىقىغا ئايلىنىپ قالسام قانداق بولغىنى؟ چىراي، گۈزەللىك دېگەن ئىت بىلەن مۇشۇكتىمۇ بارغۇ؟ ھۆرمەت قىلىش، كۆيۈنۈش ، ھېسداشلىق قىلىش باشقا گەپ. يېلىنىپ يالۋۇرۇشمۇ باشقا گەپ. ناۋادا مەن يېلىنغان، ئالدىدا تىزلانغان بىلەن ئۇنىڭ پەرۋايى بولماي باشقا بىر ئەرنى ئويلاپ، شۇ ئەرنىڭ سۆيۈشىگە، ھېسداشلىقىغا، ھېچبولمىغاندا قۇچاقلاپ قويۇشىغا ئېرىشىشنى خىيال قىلىپ تۇرغان بولسا... ياق، ھەرگىز يالۋۇرمايمەن. بىردەملىك خۇشاللىقىمنى دەپ ئۆزۈمنى ئۇنىڭغا باغلاپ قويسام بولمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ شۇنداق مەقستى بولسا، مەن بىلەن ئىچ پۇشۇقىنى چىقارغۇسى بولسا ئۆزى گەپ قىلسۇن. ئاياللارمۇ قىزىق، ئۆزلىرىنىڭ ھېسياتى ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ دائىم ئەرلەرنى يالۋۇرغۇزىدۇ.



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ئەرلەرگە بىشارەت بېرىپ تۇرىدۇ، ئەرلەرنىڭ كۆزىگە قان تولۇپ ئىش چىڭىغا چىققاندا بولسا گۇناھنى ئەرلەرگە ئارتىشقا ئۇرىنىدۇ. ‹‹ئات ئايلىخانىغا، يول سارىخانىغا›› دېگەن شۇدە؟ ئەجەبا ئاياللارنىڭ بىرەر قېتىم بولسىمۇ يالۋۇرۇپ بېقىشى كېرەك ئەمەسمىكەن. بۇ ئىشتا نېمدەپ ئەرلەرلا بەدەل تۆلەپ يۈرىدۇ؟ مەن ئۇنى قۇچاقلىسام ئازراق نازلانغاندىن كېيىن، ئۇمۇ مېنى قۇچاقلايدۇ. بىراق خىيالىچۇ؟ تۇيغۇسى، روھى بولسا خۇددى ماڭا ئوخشاشلا يىراق ـ يىراقلاردىن ئۆزى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان ئېرىشمەكچى بولغان روھنى، تەننى سېغىنىدۇ، ئويلايدۇ...

ـــ تاماكاڭدىن بىرنى بېرە.

مەن تاماكا بىلەن سەرەڭگىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىردىم. كۆڭلۈم بىر قىسملا بولۇپ ھېلى ئۇنى ئويلىسام، ھېلى بۇنى ئويلايتتىم. ئەمما زادى قانداق قىلىشنى بىلمەيتتىم. ئاخىر بىر تەخسە قورۇما قورۇپ ئۇنىڭ بىلەن ھاراق ئىچمەكچى بولدۇم. خالىسا بىرگە بولارمەن، خالىمىسا زورلاپ نېمە قىلىمەن. ئىككى يۈرەك، ئىككى تەن، ئىككى روھ ھەم ئىستەك بىرلەشمەي تۇرۇپ بىرگە بولۇشنىڭ كىشىگە ئېلىپ كېلىدىغىنى ئۆكۈنۈش ھەم نەپرەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. چوقۇم خۇشاللىق تاپىمەن، سۆيۈندۈرىمەن ھەم سۆيۈنىمەن دەيدىكەنسەن، چوقۇم روھىڭنى، ھېسسىياتىڭنى بىرلەشتۈرۈشۈڭ، ئورتاق بىر مەقسەتتە ھەرىكەتلىنىشىڭ كېرەك.

مەن توڭلاتقۇدىن ئىككى پارچە گۆش ئېلىپ قويۇپ كۆكتات ئاقلاشقا باشلىدىم.

ـــ نېمە ، ماڭا تاماق ئېتىپ بەرمەكچىمۇ سەن؟ ـــ دېدى ئۇ ئارقامدىن كىرىپ.

ـــ شۇنچە ۋاقتتىن بېرى ئۆيۈمگە ئاران بىر قەدەمىڭىز يېتىپتۇ. شۇڭا بىرەر تەخسە قورۇما بولسىمۇ قوراي دەيمەنغۇ.

ـــ قارا بۇنىڭ ئۇستىلىقىنى، ھەي قازىنىڭ قۇرتلاپ كەتتىمۇ ـ نېمە؟

شۇ گەپ بىلەن تەڭ بۇرنۇمغا چىداپ تۇرغۇسىز سېسىق بۇس ئۇرۇلدى.

ـــ قاچاننىڭ ياقى يۇيۇلمىغان قازان بۇ؟ سەن خەق يوغان گەپ قىلىشقىنىڭ بىلەن ئاياللاردىن ئايرىلدىڭمۇ بولدى...

ئۇ ماڭا ئاللىكىملەرنى قوشۇپ تىللىغاچ قاچا ـ قۇچىلارنى يۇيۇشقا باشلىدى. قىزىلمۇچ بىلەن سامساقنى ئاقلاپ بولۇپ گۆشنى توغراۋاتسام ئۇ:

ـــ مەن قورايمۇ يا قورۇشنى بىلەمسەن؟ ـــ دەپ سورىدى.

ـــ بولدى ئۆزۈم قوراي. ـــ دەپ قازانغا ئوت ياقتىم . تاماق ئېتىشنى بىلمىسەممۇ قورۇما قورۇشقا خېلى ئېپىم بار ئىدى. قورۇمنى قورۇپ تەخسىگە ئۇساي دەپ تۇرسام ئۇ كىرىپ بىر تال گۆشنى چوكا بىلەن قىسىپ ‹‹تۇزىنى تېتىپ باقاي›› دەپ ئاغزىغا سالدى ھەم تېزلا؛



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ـــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ـــ «ئاپالسىز ئۆينىڭ تەمى يوق. ئەرسىز ئۆينىڭ دەمى يوق» دېگەن مانا مۇشۇ. ـــ دەپ قازانغا بىر قوشۇق تۇز سالدى ـ دە، بىر ـ ئىككى ئارىلاشتۇرۇپ تەخسىگە ئۇسۇپ چىقتى.

ـــ پېۋا ئىچەمدۇق ياكى...

ـــ پېۋا ئىچكۈڭ بارمىدى؟ ئاقنى ئىچ. پېۋا دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ دۈشمىنى، چاتىرقىڭغا قاراپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرەمتىڭ ـ يا؟

مەن ئولتۇرغان جايىمدىن تۇرۇپ ئىچكىرىكى ئۆيدىن هاراقنى ئېلىپ چىقىپ پىيالىگىلا قۇيدۇم.

ـــ رومكاڭ يوقمىدى؟

ـــ ھېلى چېقىلىپ كەتتىغۇ.

ـــ ئاله، مۇنۇ ئاچقۇچتا ئىشكنى ئېچىپ رومكا ئېلىپ چىق.

ئوغرى گۇمانخور كېلەر دېگەندەك ئۆيدىن چىققۇم كەلمىدى. ئۇ قاچامغا قانداقتۇر بىر نەرسە سېلىپ قويىدىغاندەك تۇيۇلۇپ ۋۇجۇدۇمنى قورقۇنچ قاپلىۋالغانىدى. ئاپال خەق ئاجايىپ رەزىل بولىدىكەن. ئالدىنقى يىلى ئاپالىمنىڭ دوستى ئاپالىمغا «ئاداش ئەرلەرنى ئەل قىلىشنىڭ چارىلىرى بەك كۆپ ئىكەن. موللامغا ئوقۇتۇپ ئەرلىكنى باغلاپ قويغىلى، بېشنى ئاپلاندۇرۇپ ئۆزۈڭدىن باشقا ئاپال زاتىغا قارىمايدىغان قىلۋەتكىلى بولىدىكەن. ئىچ كىيىمىڭنىڭ يۇندىسىدىن ئازراق ئىچۈرۈپ قويىدىغان بولساڭ تېخى ياخشى، تېزلا مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ» دەۋاتقانلىقنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئاپالىمنىڭمۇ ماڭا ئاشۇنداق شۇملۇقلارنى قىلىپ ئەقلىمنى بۇلغاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئاجرىشىپ كەتكەنىدىم. مانا ئەمدى بۇ ئاپالمۇ شۇنداق قىلىپ مېنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشنى ئويلاۋاتقان بولسا قانداق قىلغۇلۇق. ئۇنى بۇنداق قىلمايدۇ دېگىلى بولامدۇ. ھازىرقى ئاپاللار بولۇپمۇ مۇشۇنداق ئېرىدىن ئاجرىشىپ يۈرگەن ئاپاللار بەك رەزىل. ئاپئاق پاقالچاقلىرنى ئېچىۋېلىپ دورا سۈركەپ كۆپتۈرۈۋالغان كۆكسىنى تەڭلەپ كۆزۈڭنىڭ بالىخانىسىغا قاراپ تۇرۇپ يېنىڭنى قۇرۇقداپ قويىدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇلارغا سېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈڭنىڭ، ئامراقلىقلىرىڭنىڭ قىلچە كارارىيتى يوق. يېنىڭدا پۇل بولسىلا بولدى. ئەڭ ياخشىسى ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما.

ـــ ھەي، مەن ساڭا گەپ قىلۋاتىمەن.

ـــ ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيى بولغاندىكىن ئۆزىڭىزلا ئېلىپ چىققان بولسىڭىز، مەن يا رومكىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمىسەم.

ـــ ھارىقىڭنى ئاله. بىرىنچىكىگە چىقىپ ئولتۇرايلى، تازىمۇ بىر ...

ئۇ شۇنداق دەپ قورۇما بىلەن تاماكىنى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن ھاراقنى ئېلىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۆي ئىچى ئەتىر پۇراپ تۇراتتى. ئىچكىرىكى ئۆيدىكى قوش كىشلىك



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ـــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

كارىۋات كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. كارىۋات بېشىغا تومۇچۇق بىلەن توشقاننىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن ياستۇق قويۇلغان، تامدا يېرىم يالىڭاچ ئەر بىلەن ئايالنىڭ «سىلەرمۇ بىزدەك قىلالامسىلەر» دەۋاتقاندەك مۇھەببەت پەيزىنى سۈرۈۋاتقان سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن كۆرۈنۈش چاپلاپ قويۇلغان بولۇپ، كارىۋات ئۈستىدە ئىت شەكلىدىكى قونچاق ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن ئادەمدەك سوزۇلۇپ ياتاتتى.

ــ ئۆزىڭىز يالغۇز تۇرامسىز؟

ــ ھەئە. نېمە قىلماقچى؟ كېچىسى ئىشكىمنى ئۇرۇپ يۈرمە يەنە.

بىز تاماق شىرەسىگە كېلىپ ئولتۇردۇق. «ئۆي سىزنىڭ بولغاندىكىن ساقلىقنى ئۆزىڭىز قىلىڭ» دەپ ھاراقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدۇم.

ئۇ رومكىغا لىققىدە تولدۇرۇپ ھاراق قۇيۇپ بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

ئەي نامەرد بېغىمغا كىرىپسەن، بوپتۇ،

گۈل ئۈزمە پەقەتلا كۆرۈشكە رۇخسەت.

دەرد ـ ھەسرەت ئازابتىن ئىچمىز ھاراق،

كەيىپ بوپ قالغاندا باشلايمىز ئىشرەت.

دەپ بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتكەندىن كېيىن ماڭا ھاراق قۇيۇلغان رومكىنى تەڭلەپ تۇرۇپ:

ــ ياخشى توشقان ئىشىك ئالدىدا ئوتلىمايدۇ. بۈگۈن بىرگە ئولتۇرۇپ قالدۇق، گەرچە خەق ئۈچۈن ياشىمىغان بولساقمۇ بىزگە يەنىلا يۈز ـ ئابروي كېرەك. ئۆزىمىزنى ئايىمىساق بولمايدۇ. ئىچىلگەن ھاراق بىلەن دېيىشكەن گەپ مۇشۇ يەردە، مۇشۇ سورۇندىلا قالسۇن. ـــــ دېدى. مەنمۇ ئۇنىڭغا ئاياللار بىلەن ئولتۇرۇپ مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى، ئەمما ئاياللارنىڭ باشقىلارغا دەپ يۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىمنى، ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىپ پات ـ پات ئەسرا بولۇشۇمغا قوشۇلسا يېقىن دوستى بولۇپ قېلىشقا تەييار ئىكەنلىكىمنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا چوقۇم سەممىي مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىمنى چۈشەندۈرگەچ ھاراقنى ئىچىۋەتتىم. ھاراق توختىماي ئايلىنىپ تۇردى. بىزنىڭ پاراڭلىرىمىزمۇ تارتىنىش، يېتىرقاش شۇنداقلا گۇمانى تۈيغۇلاردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ قەلبىمىزنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىمىزنى، نېمىنى ياخشى كۆرۈپ، قانداق نەرسىلەرگە ئامراق ئىكەنلىكىمىزنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرگە ئۆزگەردى. ئۇنىڭ ھېلىراقتا مەن كۆرگەن كۆزى چوغدەك يېنىپ ئۇنىڭدىن بىرخىل يېقىملىق ئىستەك بىلەن مېنى باغرىڭغا باسقىن دەۋاتقاندەك تەلپۈنۈش ئالامەتلىرى ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.

ــ تانسا ئوينىساق قانداق؟



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

ــ مېنى قۇچاقلىۋالغۇڭ كەپتۇ ـ دە، بوپتۇ ئوينىساق ئويندۇق.

ئۇ ئورنىدىن تۇردى. بىز تانسا ئوينىدۇق، تانسا دېگەن ئاجايىپ نەرسە ئىكەن. كېتىپ بارغان ئايالنى قۇچاقلىساڭ جىنايەت ئۆتكۈزگەن بولىسەن، ئەمما تانسىخانىغا ياكى يىغىلىشلارغا كىرسەڭ ئۇنداق ئەمەس. مۇھەببىتىڭ ياكى ئايالىڭ بىلەن باشقا ئەرلەرنىڭ كۆز ئالدىدىلا قۇچاقلىشىپ تانسا ئويناۋاتقانلىقىنى، نازۇك جايلارنىڭ ئاستا ـ ئاستا سۈركىلىپ ۋۇجۇد قەسرىدە ئەڭ شېرىن، ئەڭ تاتلىق ئىستەكلەرى پەيدا قىلغان تەبەسسۇمدىن، كۆلكىدىن ھۇزۇرلانماسقا ئىلاجىڭ يوق. يۈرىكىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقان، ۋىجدانىڭ ئەسەبىيلەرچە قۇتراپ قېنىڭ قىزىۋاتقان، ئۆز ـ ئۆزۈڭدىن نەپرەتلىنىپ كۈندەشلىك ھەم غەزەپ ـ نەپرەتتىن «پاڭ» ئىدە يېرىلىپ كېتەي دەپ قالغان بولساڭمۇ، خەقنىڭ سېنى «مەدىنىيەتسىز» دەپ كۆزىگە ئىلماسلىقىدىن قورقۇپ جىم ئولتۇرىسەن. پۈتۈن ئۆمرىدە توي قىلماي ئۆتۈپ كەتكەن ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئۆزلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق كۈندەشلىك ئازابىغا قېلىپ خورلىنىشىدىن ئەنسىرەپ توي قىلمايدىغاندۇ بەلكىم...

مەن ئۇنى شۇنچىلىك قىزغىنلىق بىلەن قۇچاقلىغان بولسامۇ بىرنەچچە چۆرگىلەپ قوللىرىم تىترەشكە، ۋۇجۇدۇم مۇزلاشقا باشلىدى. ئۇنى قانچە ئەر ماڭا ئوخشاش ئىستەك بىلەن قۇچاقلاپ سۆرەپ يۈرگەن؟ قانچە ئادەم مەيدىسىگە مەيدىسىنى چاپلىۋېلىش ئۈچۈن پۈتنى خاتا يۆتكىگەن؟

كۆز ئالدىمغا ساناقسىز ئەرلەر بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئايال بىلەن قۇچاقلىشىپ تانسا ئويناشنى كۈتۈپ تۇراتتى. بەزىلىرى بولسا «بىز ئالىلقاچان ئۇنىڭ مېغىزىنى چېقىپ بولغان » دەۋاتقاندەك ، مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ پۇتلىرىم قولاشمايلا قالدى.

ــ مەست بولۇپ قالدىڭمۇ نېمە ؟

ــ ياق .

ــ باشتا بىر ئوبدان ئويناۋاتقاندىڭ.

مۇزىكا تۈگىدى. ئۆزۈمنى گۇناھسىز تۈرمىگە تاشلىنىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن «خاتا تۇتۇلۇپ قاپتۇ» دەپ قويۇپ بېرىلگەن ئادەمدەك ھېس قىلىپ قالدىم. نېمىشقىدۇر ئۆيدىن چىقىپ كەتكۈملا كېلىپ تۇراتتى. ئاياللار بىلەن بىرگە بولۇپ باقمىغىلى خېلى ئۇزۇن بولغان، تېخى ئالدىنقى كۈنىلا مۇشۇ ئايال بىلەن خىيالىمدا بىرگە بولغان بولسامۇ، مانا ئەمدى ئۇنىڭدىن بىزار بولماقتا ئىدىم. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇپلا قالسام نۇرغۇنلىغان كىشلەرنىڭ كۆلكىسىگە قالىدىغاندەك، خەقنىڭ نەپرەت، كەمستىش نەزەرلىرى ئاستىدا تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك ياكى پۈتۈن ئەزايىمنى يارا بېسىپ ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلماقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى

ئاستىدىكى قاپىقىغا چېكىلگەن كۆكۈش رەڭ مېنىڭ ئايالغا بولغان قىزىقىشىمنى سۇسلاشتۇرماقچى بولغاندەك كۆزۈمگە بىرسى ئون بولۇپ كۆرۈنمەكتە ئىدى. خىيالىمدا بولسا ئاياللارنىڭ بىر چىرايلىق چېھرىنى بوياپ يۇرۇشلىرىنى، نېمە ئۈچۈن گىرىم قىلىدىغانلىقلىرىنى، گىرىم قىلىشنىڭ ئەرلەرنى ئالداشتىن باشقىمۇ سەۋەبلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئويلايتتىم.

ــ ئارىلىشۋاتقان قىز دوستۇڭ بارمۇ ؟

ــ يوق.

ــ ئايالىڭ بىلەن نېمە سەۋەپتىن ئاجرىشىپ كەتكەن؟

ــ سۆزلەپ يۈرۈشنىڭ ئورنى بارمۇ؟

ــ ياۋاش ـ يۇمشاق بولغان بولساڭ ئاجرىشىپمۇ كەتمەستىڭلار.

ــ ياۋاش ئەمەستەك قىلامدىم؟

ــ قارىسامغۇ ياۋاشتەك قىلىسەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە ئاچچىقىم كەلدى. ئۇنىڭ چوقۇم باشقا مەقستى بار . مېنى ئاكتىپ ئورۇنغا ئۆتكۈزۈپ مەندىن بىر نەرسە ئۇندۇرۇۋالماقچى. تارتىنىۋاتقانىمدۇ ـ يا؟ توغرا، ئۇ مېنى «كېسەل ياكى كەمتۈك» دەپ ئويلاپ قېلىپ گەپ قىلالمىغان بولمىسۇن يەنە، ناۋادا مەن ئۇنىڭغا ئېغىز ئاچماي چىقىپ كەتسەم ئەتىلا مەھەللىدىكى غەيۋەت دېسە نان تۈگۈپ بارىدىغان ئاياللارغا «ياسىنىڭ كېسىلى بارئىكەن. ئۇ ئاشۇ تەرەپتىن ئاجىز بولغاچقا ئايالى تاشلاپ كېتىپتۇ. مەن بىلەن بىر كېچە بىرگە ئولتۇرۇپ تاڭ سىڭدەك يېقىن كېلەيمۇ دېمىدى» دەپ گەپ تارقىتىۋېتىدىغان بولسا، ئۆزۈمنى تىرىك ئۆلدۈم دېسەم بولىدۇ. مەھەللىدە يۈزۈمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ «ئۇنىڭغا مەيلىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولۇشقا كۆڭلۈم كۆتۈرمىدى. ئۇنى قۇچاقلىساملا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان ئەرلەر كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدىكەن.» دېگەن بىلەن بىكار. بۇنداق گەپ بىلەن ھېچكىمنى ئىشەندۈرگىلى بولمايدۇ. «كېسەل»نى ۋاقتىدا داۋالاش كېرەك...

ـــ سىزنى ئاغرىپ قالغان بولسا خىجىل قىلماي دېسەم ئەجەپ كەلتۈردىڭىزغۇ مېنى.

ــ دېمىسىمۇ ئەركەك تۈكۈڭنى كۆرگىلى بولمىسا سېنىڭ.

ــ مەن دەل مۇشۇنداق سۆزلىرىڭىزنى كۈتۈپ تۇرغان.

مەن شۇنداق دەپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تارتىپ ئىچكىرىكى ئۆيگە باشلىدىم. كارىۋاتتىكى ئەديالنى تارتىۋېدىم، كارىۋات ئۈستىدىكى قونچاق يەرگە چۈشۈپ خۇددى ئىتتا ئوخشاش قاۋاشقا باشلىدى.

ــ كۈچۈكىڭىزنىڭ كۈندەشلىكى تۇتۇۋاتامدۇ قانداق؟

ــ كۈندە ماڭا ھەمراھ بولىدىغان تۇرسا ئىگىسىنى قوغدىمىسا قانداق بولىدۇ؟

ــ بىراق قاۋاشتىن باشقىنى بىلمەيدىكەن .

ــ قاۋاشنىمۇ بىلمەيدىغان ئەرلەردىن مىڭ ياخشى .

ئايالالرنى يوغان سۆزلەتكەن، ئەرلەرنى تىز پوكتۇرۇپ يېلىنىپ يالۋۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان تەن ماڭا ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى.

مەن ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىغا، كۆلكە ھەم سۆيۈنۈش ئىپادىلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ ئۆز-ئۆزۈمدىن نەپرەتلەندىم. ئۆزۈمنى خۇددى ئۇنىڭ ئويۇنچۇقىدەك، بىر ھېسياتلىق ئادەم ئەمەس، بەلكى بىر ئويۇنچۇق ئورنىدىلا ئۇنى خۇش قىلغاندەك ھېس قىلماقتا ئىدىم.

ئۇ بېشىنى كۆكسۈمگە قويۇپ كۆزۈمگە قارىدى. ئۇنىڭ بۇنداق قاراشلىرىدىن «سەنمۇ تايىنلىقلا ئادەم ئىكەنسەن، بەربىر مېنىڭ ئالقىنىمغا چۈشتۈڭ. سەن ئالدىراپ خۇشال بولما. بىلسەڭ ئەمدى سەن مېنىڭ ئالدىمدا ھېچنىمە ئەمەس» دەۋاتقاندەك بىرخىل ئالامەتلەرنى كۆرگەندەك بولدۇم.

ــ خاپا قىلىپ قويمىغاندىمەن؟

ــ ياق، ئەكسىچە مەن بەكلا خۇش بولدۇم. بەلكىم بۇ كەمگىچە بۇنچىلىك خۇشال بولۇپمۇ باقمىغاندىمەن.

ــ نېمىدىن ؟

ــ سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىن، سۆيگۈڭىزدىن .

ئۇنىڭ تۇيۇقسىزلا مېنى سىزلەپ گەپ قىلىشى كۆلكەمنى قىستىغان بولسىمۇ، كۆلۈپ تاشلىماسلىق ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالدىم. مەن ئۇنىڭغا قانداق چاغدا مۇھەببىتىمنى بەرگەندىمەن، ئۇ «ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ» دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ ياكى « بىز ئەمدى ئەر-خوتۇن بولدۇق» دەپ ئويلاپ قالغانمىدۇ. ئەجەبا مەن ئۇنىڭغا راستىنلا مۇھەببىتىمنى بەرگەندىمەنمۇ؟ بىر قېتىم ھاراق ئىچىپ بىرگە بولغانغىلا مۇھەببەتكە ئېرشكىلى بولسا، ئادەملەر مۇھەببەتكە نېمىدىگەن باي. بۇ مۇمكىن ئەمەس، ئۇنداقتا مەنچۇ؟ ...

ـــ مەن تېخى سىزگە سۆيگۈ ئىزھار قىلمىغان تۇرسام.

ــ تەلەپ قويمىغان بولسىلا مۇھەببەتلەشمىگەن بولامدىكەن؟ ماڭا مۇھەببىتىڭىز بولمىسا مېنى نېمانچە قىزغىن سۆيىسىز؟ مەن ئەرلەرنىڭ سەممى سۆيگۈسىنى سىز ئارقىلىق كۆردۈم. سىز مېنى بەكلا سۆيۈندۈردىڭىز. ئېرىم بىلەن توي قىلىپ باللىق بولۇپ، ئاجراشقاندىن كېيىن بىرەرسىنىڭ سىزگە ئوخشاش چىن سەممى سۆيگەنلىكىنى ھەم مېنى بۇنچىلىك خۇشال قىلغانلىقىنى كۆرمىگەن.

ــ بىراق مەن ئايالالرنى ياخشى كۆرمەيمەن. بولۇپمۇ...

ــ بولدى سۆزلىمەڭ، مەن سىزنى ئاستا-ئاستا ئايالالرنى ياخشى كۆرىدىغان قىلىمەن. بىلسىڭىز ئايال

دېگەن تەڭرى يازغان بىر شېئىر. سىز ئۇنى ئوقۇپ مەنىسىنى چۈشىنىشنى بىلىۋالسىڭىزلا چوقۇم ئۇنداق قارىمايسىز.

ـــ مۇمكىن ئەمەس.

مەن ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولۇپ جەينىكىمنى تىرىشىمگە ئۇ مەھكەم قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتتى.

ـــ بىردەم يېتىڭ. مەن يېنىڭىزدا ئۇزاقراق يېتىۋالاي. بىز بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنلىرىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى ئويلىشىۋالايلى.

ـــ بىز ئەمدى كۆرۈشەلمەيمىز. بىز دېگەن قوشنا، باشقىلار سېزىپ قالسا ھەرئىككىمىزگە ياخشى بولمايدۇ.

ـــ ئەخمەق. ئۆزىمىزگە پۇختا بولساق ھېچكىم بىلمەيدۇ. قاراڭ، بۇ كۈچۈكۈم قاۋىغان چاغدا سىز خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدەكلا كىرىۋەرسىڭىز بولىدۇ. مەن سىزنى مېنى ياخشى كۆرۈڭ دېمەيمەن. ئەمما مېنىڭ ياخشى كۆرۈشۈمنى توساپ قويىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. ئەگەر شۇنداقلا قىلسىڭىز رەزىللىك قىلغان بولىسىز...

مەن ئۇنىڭ ئۆيىدىن قايتىپ چىقىپ بىرقانچە قېتىم كۈچۈكنىڭ قاۋىشى بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كىردىم. ئۇ دائىم مېنىڭ ئىشتىن چۈشكەن ۋاقتىمغا توغرىلاپ تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئىلغۇچىنى قايرىۋېتەتتى ـ دە، كۈچىكنى قاۋىتىپ ماڭا بەلگە بېرەتتى. مەنمۇ كۆندۈرۈلگەن ئۆكۈزدەك كۈچۈكنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسىلا ئۇنىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپلا كىرىپ كېتەتتىم. ئەمما بۈگۈن ئەقلىگە سىغمايدىغان بىرئىش يۈز بەردى. ئىشتىن چۈشۈپ ئەمدى كارىدورغا كىرىشىمگە قوشنىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆيىدىن كۈچۈكنىڭ قاۋىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ قۇلاق ـ مېڭەمنى قوچۇۋەتتى. دەسلەپ خىيالپەرەسلىكىمنىڭ خۇلاسىسى چىققان چېغى دەپ ئويلاپتىمەن. قۇلاقلىرىمنى كوچىلاپ بىرىنچى قەۋەتتىن يەتتىنچى قەۋەتكە ئىككى قېتىم چىقىپ چۈشتۈم. يەنىلا شۇ كۈچۈكلەرنىڭ ئاۋازى . بۇ مېنىڭ تۇيغۇمدىكى قالايمىقانچىلىقمۇ ياكى «ئۆرۈك ئۆرۈكنى كۆرسە ئالا بوپتۇ» دېگەندەك ئىش بولدىمۇ ھېچنىمنى ئۇقالماي ئۆيۈمگە كىردىم ـ دە، ئىشىكنى مەھكەم تاقاپ سەھرادىكى ئۇزۇن چاچلىق ئاشۇ قىزنى ئويلاشقا باشلىدىم.

تۈگىدى



ئېلكتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ــــ ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com

بايانات : ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكىتاپنىڭ ئەسلى ماتېرىيالىنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى توردىكى ئەسلى ئاپتورغا مەنسۇپ ! بۇ ئېلكىتاپلار پەقەت ئىشتىن سىرتقى قىزىقىشچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ، ئۆز-ئارا پىكىر ئالماشتۇرۇش ئۈچۈنلا ئىشلىتىشكە بولىدۇ ، ئۇنىڭدىن سىرت سودا ئىشلىرى ياكى باشقا ساھەدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ . ئەگەر باشقا ساھەلەردە قانۇنسىز ئىشلىتىپ بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە بارلىق ئاقىۋەتكە ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئۇل !!!

ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!

ئەگەر ئاپتورلۇق ھوقۇقىغا دەخلى يەتتى دېگۈچىلەر بولسا بىۋاستە ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار بىلەن ئالاقىلاشسا بولىدۇ . ئېلكىتاپلار توردا تەمىنلەشتىن توختىتىلىدۇ !!!!!
ئۇنىڭدىن باشقا ئەگەر ئۇيغۇر ئوغلى --- ھەۋەسكار تۈزگەن ئېلكىتاپلارغا نىسبەتەن ھەرقانداق پىكىر-تەكلىپلىرىڭىز بولسا ، ئۇيغۇر ئوغلى ---- ھەۋەسكار بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

2008 ـ يىلى 01ـ ئاينىڭ 27ـ كۈنى

شەندۇڭ---جىنەن



ئېلكىتاپ قىلىپ تۈزگۈچى : ئۇيغۇر ئوغلى ----ھەۋەسكار
QQ: 492255230 Email:uyxman@126.com